بَسَطَ نُفُوذَهُ: نوپۇزىنى تىكلىدى.

«تَهْدِفُ إِسْرَائِيلُ إِلَى بَسْطِ نُفُوذِهَا عَلَى فِلَسْطِينَ» : ئىسرائىلىيە پەلەستىندە ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

«إِنَّ رَبَّكَ يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَنْ يَشَاءُ» «قرآن» :

سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ.

بَسُطَ يَبْسُطُ بَسَاطَةً: ئاسانلاشتى، ئاددىيلاشتى.

بَسُطَ الْمَرْءُ: گول بولدى، كاللىسى ئاددى بولدى.

بَسُطَ الشَّيْءُ: ئاددىيلاشتى، ئوڭايلاشتى.

بَسُطَ وَجْهُهُ: چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

بَسْطٌ: كېڭەيمەك، يېيىلماق، كېرىلمەك، خۇشاللىق، ئىزاھلىماق، چۈشەندۈرمەك.

بَسْطٌ «فِي الْحِسَابِ»: كەسىر سان.

بَسْطَةٌ: كەڭ، مول، زىيادە، كەڭتاشا؛ پەزىلەت، كامالەت.

«وَزَادَهُ بَسْطَةً فِي الْعِلْمِ وَالْجِسْمِ» «قۇرئان»: ئاللاھ ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە قىلدى ۋە بەدىنىنى قابىل قىلدى.

بَسْطَةٌ مِنَ النِّسَاءِ وَالظِّبَاءِ: چىرايلىق، گۈزەل، ھۆسنىگە تولغان.

بَسْطُرْمَةٌ: سامساق؛ دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇلغان، بېسىپ سۆرمە قىلىنغان گۆش.

بَسَقَ يَبْسُقُ بُسُوقًا النَّخْلُ: خورما دەرىخى قەد كۆتۈرۈپ تۇردى، قەد كۆتۈردى.

بَسَقَ الشَّيْءُ: ئېگىز بولدى.

«بَسَقَ الشَّخْصُ أَقْرَانَهُ أَوْ أَصْحَابَهُ وَ عَلَيْهِمْ»: تەڭتۇشلىرى ياكى ھەمراھلىرىدىن ئۈستۈن تۇردى.

بِسْكُوتِي: پېچىنە.

«عَلَى قِطْعَةً مِنَ الْبِسْكُوتِي بِالْعَسَلِ»: بىر پارچە پېچىنىگە ھەسەل سۈركىدى.

بَسْكَوِيتٌ: پېچىنە.

بَسَلَ يَبْسُلُ بَسَالَةً وَ بَسَالاً: باتۇرلۇق قىلدى، مەردلىك قىلدى.

بِسِلَّةٌ: كۆك پۇرچاق.

بِسِلَّةٌ خَضْرَاءُ: يېشىل كۆك پۇرچاق.

بَسَمَ يَبْسِمُ بَسْمًا: تەبەسسۇم قىلدى، كۈلۈمسىرىدى.

بَسْمَةٌ ج بَسَمَاتٌ: تەبەسسۇم، كۈلۈمسىرەش.

بَسْمَلَ يُبَسْمِلُ بَسْمَلَةً: بىسمىللا دېدى، بىسمىللا نى يازدى.

بَسِيسَةٌ: تاتلىق يېمەكلىكلەر.

بَسِيطٌ ج بُسَطَاءُ: ئاددى، ساددا، ئاسان، ئاق كۆڭۈل، تۈز، كەڭ، قولاي.

«عَاشَ حَيَاةً بَسِيطَةً بِالرَّغْمِ مِنْ مَكَانَتِهِ وَ ثَرَائِهِ»: ئورنى ۋە بايلىقىغا قارىماي ئاددى ـ ساددا ياشىدى.

«اَلدِّعَايَةُ الْكَاذِبَةُ قَدْ تَخْدَعُ الْبُسَطَاءَ مِنَ النَّاسِ»: يالغان تەشۋىقات ساددا ئادەملەرنى ئالدىيالىشى مۇمكىن.

بَسِيطُ الْيَدَيْنِ: سېخى، قولى ئوچۇق.

بَسِيطٌ مِنَ الْأَرْضِ: كەڭ، تۈز يەر.

بَسِيطَةٌ ج بَسَائِطُ: كەڭ زېمىن، يەر يۈزى.

«مَا مِنْ شَعْبٍ عَلَى وَجْهِ هَذِهِ الْبَسِيطَةِ يَقْبَلُ الْإِسْتِعْمَارَ»: يەر يۈزىدە مۇستەملىكىچىلىكنى قوبۇل قىلىدىغان ھېچقانداق مىللەت تېپىلمايدۇ.

«دَعْنِي أَتَكَلَّمْ عَنْ مَعْرِفَتِي الْبَسِيطَةِ»: يۈزەكى تونۇشۇمنى سۆزلەپ باقاي.

بِشَارَةٌ ج بَشَائِرُ و بِشَارَاتٌ: خۇش ـ خەۋەر، بېشارەت، ئىنجىل (خرىستىئان دىنىدا)

بِشَارَةُ خَيْرٍ: بېشارەت، ياخشى پال.

عِيدُ الْبِشَارَةِ: (خرىستىئان دىنىدا) ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھامىلدار بولغانلىقىنى جىبرىئىلنىڭ يەتكۈزگەنلىكىنى خاتىرىلەش بايرىمى.

بَشَائِرُ الصُّبْحِ: تاڭنىڭ تۇنجى يورۇشى.

بَشَاشَةٌ: خۇش چىراي بولماق، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرماق.

«يَسْتَقْبِلُ الْكَرِيمُ ضُيُوفَهُ بِتَرْحِيبٍ وَ بَشَاشَةٍ»: سېخى ئادەم مېھمانلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالىدۇ.

بَشَامٌ: ياغىچى مەسۋاك ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان خۇش پۇراق دەرەخ.

بَشَرَ يَبْشُرُ بَشْرًا الْخُضَرَاءَ وَ الْفَاكِهَةَ: كۆكتات ۋە مېۋىلەرنى ئاقلىدى، سويدى.

بَشَرَ الْبَصْلَةَ أَوِالْبُرْتُقَالَةَ: پىياز ياكى ئاپېلسىننى ئاقلىدى، سويدى.

بَشَرَ يَبْشُرُ وَ بَشِرَ يَبْشَرُ بَشْرًا: خۇشال بولدى، خۇش بولدى.

«بَشَرَ صَدِيْقَهُ بِخَبَرِ نَجَاحِهِ» : ئۇ دوستىنى ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى (ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكى) خەۋىرى بىلەن خۇش قىلدى، دوستىغا ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

بَشَرَ يَبْشُرُ بَشَارَةً الشَّخْصُ: چىرايلىق بولدى.

بَشِرَ يَبْشَرُ بِشْرًا الشَّخْصَ بِهِ: خۇشال قىلدى، شادلاندۇردى.

بَشَرٌ: ئىنسان، ئادەم.

أَبُو الْبَشَرِ: ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئادەم ئاتا.

«وَمَا جَعَلْنَا لِبَشَرٍ مِنْ قَبْلِكَ الْخُلْدَ» «قرآن» : سەندىن بۇرۇن ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق.

بِشْرٌ: خۇشاللىق، شادلىق، خۇش كەيپىيات.

بُشْرٌ: خۇش خەۋەر.

بَشَرَةٌ: تېرىنىڭ سىرتى، تاشقى تېرە، قوۋزاق، پوست.

بَشَرَةُ الْأَرْضِ: زېمىننىڭ كۆكىرىشى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يەردىن ئۈنۈپ چىقىشى.

بَشْرَفُ ج بَشَارِفُ: باشلىنىش مۇزىكىسى، كىرىش مۇزىكىسى.

بَشْرُوشٌ ج بَشَارُوش: قىزىل تۇرنا.

بُشْرَى ج بُشْرَيَاتٌ: خۇش خەۋەر.

بُشْرَاكَ ، بُشْرَى لَكَ: ساڭا خۇش خەۋەر.

«هُدًى وَبُشْرَى لِلْمُؤْمِنِيْنَ» «قرآن» : مۆمىنلەر ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە خۇش خەۋەردۇر.

بَشَرِيٌّ: ئىنسانىي، ئىنسان خۇسۇسىيەتلىك.

اَلْجِنْسُ الْبَشَرِيُّ: ئىنسانىيەت.

طَبِيْبٌ بَشَرِيٌّ: دوختۇر.

اَلْاِجْتِمَاعُ الْبَشَرِيُّ: ئىنسانلار جەمئىيىتى.

بَشَرِيَّةٌ: ئادەمزات، ئىنسانىيەت.

ثَرْوَةٌ بَشَرِيَّةٌ: ئادەم بايلىقى.

بَشَّ يَبَشُّ بَشًّا وَ بَشَاشَةً: كۈلۈمسىرىدى.

«بَشَّ لَهُ وَهَشَّ» : ئۇنى خۇشخۇيلۇق بىلەن قارشى ئالدى.

بَشَّ وَجْهُهُ: چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

بَشَّ بِهِ: خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى، خۇش چىراي قارشى ئالدى.

بَشٌّ: خۇش چىراي، كۈلۈمسىرىگەن چىراي.

بَشَّاشٌ: خۇش چىراي، كۈلگۈنچەك.

بَشَّرَ يُبَشِّرُ تَبْشِيرًا: خۇش خەۋەر يەتكۈزدى.

بَشَّرَ الشَّخْصَ بِالْخَيْرِ: ياخشىلىقنى ۋەدە قىلدى، خۇش خەۋەر بەردى.

بَشَّرَ بِفِكْرَةٍ أَوْدِينٍ: ئىدىئولوگىيە ياكى دىنغا دەۋەت قىلدى.

«ظَهَرَتْ بَوَادِرُ تُبَشِّرُ بِحَلِّ الْأَزْمَةِ» : كىرزىسنىڭ ھەل بولۇشىدىن بىشارەت بېرىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلدى.

«يَازَكَرِيَّا إِنَّانُبَشِّرُكَ بِغُلَامٍ اسْمُهُ يَحْيَى» «قرآن» : ئى زەكەرىيا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز.

«وَبَشِّرِ الَّذِيْنَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ» «قرآن» : ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.

بَشِعَ يَبْشَعُ بَشَعًا و بَشَاعَةً: بەتبەشىرە بولۇپ كەتتى، مىجەزى ئەسكى بولدى.

بَشِعَ الطَّعَامُ: تاماق زىرىكىشلىك بولدى.

بَشِعَ الشَّيْءُ: سەت كۆرۈندى.

بَشِعَ الشَّخْصُ: كۆرۈمسىز بولدى.

بَشِعٌ: سەت، كۆرۈمسىز، خۇنۇك، بەتبەشىرە.

اَلْبَشِعُ مِنَ الْأَشْخَاصِ: ئەخلاقسىز ئادەم، بەتقىلىق ئادەم.

اَلْبَشِعُ مِنَ الْأَفْعَالِ وَ الْأَشْيَاءِ: قەبىھ ئىش ۋە نەرسىلەر.

اَلْبَشِعُ مِنَ الطَّعَامِ: تەمسىز تاماق، ئوخشىمىغان تاماق.

بَشَقَ يَبْشِقُ بَشْقًا: تىكىلىپ قارىدى.

بَشَقَ الشَّيْءَ: نەرسىنى ئالدى.

بَشِقَ يَبْشَقُ بَشْقًا و بَشِقًا: ئالدىرىدى.

بَشَكَ يَبْشُكُ بَشْكًا: ئالدىرىدى؛ يالغان ئېيتتى.

بَشَكَ الشَّيْءَ: ئارىلاشتۇردى، ئۈزدى.

بَشْكِيرٌ ج بَشَاكِيرُ: لۆڭگە.

بَشْكِيرُ الْحَمَّامِ: مونچا لۆڭگىسى.

بَشِمَ يَبْشَمُ بَشَمًا: زېرىكتى، خۇشى قالمىدى، بىزار بولدى، نەپرەتلەندى.

بَشِمَ فِي الطَّعَامِ: قورسىقى بەك تويۇپ كەتتى.

بَشَمٌ: زېرىكىش، نەپرەتلىنىش، بىزار بولۇش.

بَشُوشٌ: خۇش چىراي، كۈلۈمسىرىگەن چىراي.

بَشِيرٌ ج بُشَرَاءُ: خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى، خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى.

«فَلَمَّا أَنْ جَاءَ الْبَشِيرُ أَلْقَاهُ عَلَى وَجْهِهِ فَارْتَدَّ بَصِيرًا» «قرآن» : خۇش خەۋەرچى كېلىپ كۆڭلەكنى ئۇنىڭ يۈزىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلدى.

بَشِيعٌ: سەت، كۆرۈمسىز، خۇنۈك.

بُصَاقٌ: تۈكۈرۈك؛ شۆلگەي.

بَصْبَصَ يُبَصْبِصُ بَصْبَصَةً الْكَلْبُ بِذَنَبِهِ: ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتتى.

بَصْبَصَ الرَّجُلُ: تەخسىكەشلىك قىلدى، خۇشامەت قىلدى.

بَصْبَصَ الشَّخْصُ لِلْمَرْأَةِ: ئايال كىشىگە پوخورلۇق قىلدى، قاش ئاتتى.

بَصُرَ يَبْصُرُ وَبَصِرَ يَبْصَرُ بَصَرًا وَبَصَارَةً: كۆردى، قارىدى.

بَصُرَ بِالْأَمْرِ: بىلدى، ئۇقتى.

بَصِرَ بِالشَّيْءِ: كۆردى، قارىدى، قاراپ قالدى.

«بَصُرْتُ بِمَا لَمْ يَبْصُرُوا بِهِ» «قرآن» : مەن ئۇلار كۆرمىگەننى كۆردۇم.

بَصِرَ الْأَمْرَ: بىلدى.

بَصَرٌ. أَبْصَارٌ: كۆرۈش، قاراش، كۆرۈش قۇۋۋىتى، كۆرۈش سېزىمى، سېزىش قۇۋۋىتى؛ كۆز.

«وَإِذْ زَاغَتِ الْأَبْصَارُ وَبَلَغَتِ الْقُلُوبُ الْحَنَاجِرَ» «قرآن» : بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان.

«إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَ الْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً» «قرآن» : (ئىنسان قىيامەت كۈنى قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال - سوراق قىلىنىدۇ.

صَلاَةُ الْبَصَرِ: ناماز شام ياكى بامدات نامىزى.

لَمْحُ الْبَصَرِ: كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە.

«عَادَ فِي أَقَلَّ مِنْ لَمْحِ الْبَصَرِ» : كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە قايتىپ كەلدى.

مَدَى الْبَصَرِ: كۆرۈش ئارىلىقى، كۆرۈش مۇساپىسى، كۆز يېتىم يىراقلىق.

قَصِيرُ الْبَصَرِ: يىراقنى كۆرەلمەسلىك كېسىلى.

بَيْنَ سَمْعِ النَّاسِ وَبَصَرِهِمْ: ئوچۇق - ئاشكارا.

«اِرْتَكَبَ جَرِيْمَتَهُ بَيْنَ سَمْعِ النَّاسِ وَبَصَرِهِمْ» : ئوچۇق - ئاشكارا جىنايەت ئۆتكۈزدى.

وَاقِيَةُ الْبَصَرِ: ئىككى كۆزگە تاقىۋالىدىغان نېپىز كۆز ئاسراش ئەسۋابى.

أُولُوالْأَبْصَارِ: ئەقىل - ئىدراكلىق كىشىلەر.

«إِنَّ فِي ذَلِكَ لَعِبْرَةً لِأُولِي الْأَبْصَارِ» «قرآن» : بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار.

بَصَرِيٌّ: كۆزگە مەنسۇپ، كۆرۈشكە ئائىت.

خِدَاعٌ بَصَرِيٌّ: خاتا كۆرۈش، ساختا سېزىم.

عَصَبٌ بَصَرِيٌّ: كۆرۈش نېرۋىلىرى.

اَلْبَصَرِيَّاتُ: ئوپتىكا.

مُعِيْنَاتٌ بَصَرِيَّةٌ: سۈرەت، فىلىم ۋە خەرىتىقا- تارلىق ئوقۇتۇش مەقسىتىدە قوللىنىدىغان ۋاسىتىلەر.

بَصَّ يَبُصُّ بَصًّا وَبَصِيصًا: چاقنىدى، پىلىلدىدى، جىمىرلىدى؛ كۆردى.

بَصَّ الشَّخْصُ: سىنچىلاپ قارىدى.

بَصَّاصٌ: رازۋېدكىچى.

بَصَّاصَةٌ: كۆز.

بَصَاقَةٌ: تۈكۈرۈك قاچىسى، گارشوك.

بَصٌّ: نەزەر، قاراش.

بَصَّرَ يُبَصِّرُ تَبْصِيرًا: نەسىھەت قىلدى، بىلدۈردى، چۈشەنچە بەردى.

بَصَّرَ الْجَرْوُ: كۈچۈك كۆزىنى ئاچتى.

بَصَّرَ النَّاسَ الْأَمْرَ وَبِهِ: كىشىلەرگە بىلدۈردى، كىشىلەرگە ئۇقتۇردى.

بَصَّرَ الشَّيْءَ: تونۇتتى، ئىزاھلاپ بەردى.

«يُبَيِّنُ لِلنَّاسِ سُوءَ حَالِهِمْ وَ يُبَصِّرُهُمْ بِمَنْ كَانَ سَبَبَ فَقْرِهِمْ»: كىشىلەرگە ھالىنىڭ ياماللىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نامراتلىقىغا كىمنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بَصَقَ يَبْصُقُ بَصْقًا: تۈكۈردى.

«عَلَيْنَا عَدَمُ الْبَصْقِ عَلَى الْأَرْضِ»: يەرگە تۈكۈرمەسلىكىمىز لازىم.

«لَا تَبْصُقْ فِي الطَّرِيقِ»: يولغا تۈكۈرمە.

بَصْقَةٌ ج بَصَقَاتٌ: بىر قېتىم تۈكۈرۈك، خەپرۈك؛ بەلغەم.

بَصَلٌ: پىياز، باش پىياز.

بَصَلَةٌ ج بَصَلَاتٌ: بىر باش پىياز؛ دۇبۇلغا، تۆمۈر قالپاق.

بَصَلِيٌّ: پىيازغا ئائىت، پىيازغا مەنسۇپ.

بَصَمَ يَبْصِمُ بَصْمًا: باستى، تامغا باستى؛ قول قويدى، قەغەز، رەخت قاتارلىقلارغا بەلگە باستى، سىزدى.

بَصْمَةٌ ج بَصَمَاتٌ: ئىز، بارماق ئىزى.

تَرَكَ بَصَمَاتِهِ: ئىز قالدۇردى.

بَصْمَةُ الْخَتْمِ: تامغا ئىزى.

بَصْوَةٌ: چوغ.

بَصِيرٌ ج بُصَرَاءُ: ئۆتكۈر، سەزگۈر، پاراسەتلىك.

«لَا بُدَّ لِلْمُتَرْجِمِ مِنْ لُغَةٍ إِلَى أُخْرَى أَنْ يَكُونَ بَصِيرًا بِاللُّغَتَيْنِ»: بىر تىلنى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلىدىغان ئادەم ئىككى تىلنى ئوبدان بىلىشى كېرەك.

اَلْبَصِيرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، «ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئاللاھ» دېگەن مەنىدە.

بَصِيرَةٌ ج بَصَائِرُ: كۆز نۇرى، كۆرۈش قۇۋۋىتى؛ نەزەر دائىرىسى؛ يول كۆرسەتكۈچ؛ پاكىت، دەلىل؛ ئىبرەت.

كَانَ عَلَى بَصِيرَةٍ مِنَ الْأَمْرِ: چۈشەنچىسى چوڭقۇر ئىدى.

«بَلِ الْإِنْسَانُ عَلَى نَفْسِهِ بَصِيرَةٌ» (قرآن): بەلكى ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى گۇۋاھتۇر.

«فِي الذَّاهِبِيْنَ الْأَوَّلِيْنَ مِنَ الْقُرُونِ لَنَا بَصَائِرُ»: بۇرۇنقى ئەسىرلەردە ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم.

فَعَلَ ذَلِكَ عَنْ بَصِيرَةٍ: ئاڭلىق ھالدا قىلدى.

عُرِفَ بِنَفَاذِ الْبَصِيرَةِ: كەڭ تەجرىبىلىك ئىكەنلىكى بىلەن تونۇلدى، چوڭقۇر پىكىرلىكى بىلەن تونۇلدى.

عَيْنٌ بَصِيرَةٌ: ئۆتكۈر كۆز.

«ضَرَبَ الْهَوَى عَلَى بَصِيرَتِهِ»: ھاۋايى - ھەۋەس كۆزىنى كور قىلىپ قويدى.

بَصِيصٌ: نۇر، شولا.

بَصِيصٌ فِي الْأَمْرِ: ئازراق ئۈمىد، كىچىككىنە ئۈمىد.

«لَاحَ لَهُ بَصِيصٌ مِنَ الْأَمَلِ»: ئۇنىڭ ئۆچۈپ ئۈمىد ئۇچقۇنى يورۇدى.

بُصَيْلَةُ الْمِصْبَاحِ الْكَهْرَبَائِيِّ: لامپوچكا.

بِضَاعَةٌ ج بَضَائِعُ: تاۋار، مال.

«هَذِهِ بِضَاعَتُنَا رُدَّتْ إِلَيْنَا» (قرآن): «بۇ مال - مۈلۈكلىرىمىز بىزگە قايتۇرۇلۇپتۇ.»

«اَلتَّاجِرُ يَبِيعُ بِضَاعَتَهُ»: سودىگەر ماللىرىنى ساتماقتا.

قِطَارُ الْبِضَاعَةِ: يۈك پويىزى.

«أَخْرَجَ مَا عِنْدَهُ مِنْ بِضَاعَةٍ»: دېمەيدىغان گەپنى دەپ تاشلىدى.

هُوَ قَلِيلُ الْبِضَاعَةِ: ئۇنىڭ بىلىمى ئاز، بىلىمى چاغلىق، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى چاغلىق.

«كَانَ قَلِيلَ الْبِضَاعَةِ مِنَ الْعَرَبِيَّةِ»: ئەرەبچىنى ئاز بىلەتتى.

بَضَّ يَبِضُّ بَضًّاوَبَضِيضًا وَ بُضُوضًا: (سازنى) ئەڭشىدى.

بَضَّ يَبَضُّ وَ يَبْضُّ بَضَاضَةً الْجِسْمُ: بەدەن تولدى، گۈزەللەشتى.

بَضٌّ. بَضَّةٌ: يۇمشاق بەدەن.

بَضَّعَ يُبَضِّعُ تَبْضِيعًا الْجِسْمَ: بەدەننى ياردى، ئوپېراتسىيە قىلدى.

بَضَّعَ اللَّحْمَ: گۆشنى كەستى، پارچىلىدى.

بَضَعَ يَبْضَعُ بَضْعًا: ياردى، قارنىنى ياردى.

بَضَعَ اللَّحْمَ: گۆشنى پارچىلىدى.

بَضَعَ الْجِلْدَ: تېرىنى ياردى.

بِضْعٌ م بِضْعَةٌ: بىرنەچچە، بىرقانچە، (ئۈچ بىلەن توققۇز ئارىلىقىدىكى سانني بىلدۈرىدۇ.)

«لَمْ يَمْكُثْ اِلَّابِضْعَةَأَيَّامٍ ثُمَّ انْصَرَفَ»: بىرقانچە كۈن تۇرۇپلا كەتتى.

بِضْعَةَ عَشَرَ، بِضْعَ عَشَرَةَ: ئون نەچچە.

اَلْبِضْعَةُ مِنَ اللَّحْمِ وَ غَيْرِهِ: گۆش پارچىسى.

هُوَ بِضْعَةٌ مِنِّي: ئۇ مېنىڭ بىر پارچەم، ئۇ مېنىڭ تەركىبىي قىسمىم.

بَطَارِخُ: بېلىق تۇخۇمى.

بَطَاطَا: يىچەك گۈل، ياڭيۇ.

بَطَاطَا حُلْوَةٌ: تاتلىق ياڭيۇ.

بَطَاطِسُ: ياڭيۇ.

بَطَاطِيقُ: ئەديال.

بِطَاقَةٌ ج بَطَائِقُ و بِطَاقَاتٌ: كىنىشكا، گۇۋاھنامە، بېلەت، باغاق، كارتوْشكا.

بِطَاقَةُ الْإِسْمِ: نام - ئەمەل كارتوْشكىسى، ئىسىم كارتوْشكىسى.

بِطَاقَةٌ بَرِيْدِيَّةٌ: مەخسۇس خەت - چەك يېزىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئاتكرىتكا، پوچتا ئاتكرىتكىسى.

بِطَاقَةُ التَّمْوِينِ: نورمىلىق تەمىنلەش كىنىشكىسى.

بِطَاقَةُ الْأَمْرِ: بېلەت.

بِطَاقَةُ الدُّخُولِ: كىرىش بېلىتى.

بِطَاقَةُ الشَّخْصِيَّةِ أَوِالْهَوِيَّةِ: سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، كىملىك.

«أَرِنِي بِطَاقَتَكَ الشَّخْصِيَّةَ مِنْ فَضْلِكَ»: ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىڭىزنى كۆرسەتسىڭىز.

«وَجَدَمَقْعَدَهُ وَفْقًالِلرَّقَمِ الْمُدَوَّنِعَلَىبِطَاقَتِهِ»: بېلەتتىكى نومۇرى بويىچە ئورنىنى تاپتى.

بِطَاقَةُ الْمُعَايَدَةِ: ھېيتلىق تەبرىك ئاتكرىتكىسى.

بَطَالَةٌ: ئىشسىزلىق؛ قەھرىمان بولماق، باتۇر بولماق.

«اِزْدَادَ عَدَدُ الْعُمَّالِ الْعَاطِلِيْنَ عَنِ الْعَمَلِ بِسَبَبِ الْبَطَالَةِ الَّتِي عَمَّتِ الْبِلَادَ»: مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشقان ئىشسىزلىق تۈپەيلىدىن ئىشتىن قالغان ئىشچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى.

بِطَانٌ ج أَبْطِنَةٌ وَ بُطُنٌ: تارتما، ئولاڭ (ئىگەرنىڭ) تۆشلۈك، تۆشباغ، بانداش.

بِطَانَةُ الثَّوْبِ ج بَطَائِنُ: كىيىمنىڭ ئەستىرى.

بِطَانَةُ الرَّجُلِ: كىشىنىڭ سىرداشى.

«لَا تَتَّخِذُوا بِطَانَةً مِنْ دُوْنِكُمْ» «قرآن»: ئۆزۈڭلاردىن بولمىغانلارنى سىرداش قىلمىغايسىلەر.

بَطُؤَ يَبْطُؤُ بُطْأً وَبِطَاءً و بُطُوءً: كېچىكتى، ئارقىدا قالدى.

بِبُطْءٍ: ئاستا - ئاستا، ئالدىرىماي.

«إِنَّكَ تَمْشِي بِبُطْءٍ شَدِيدٍ»: سەن ناھايىتى ئاستا ماڭىسەن.

بَطْبَطَ يُبَطْبِطُ بَطْبَطَةً الْبَطُّ: ئۆردەك غارقىلدىدى.

بَطَحَ يَبْطَحُ بَطْحًا: دۈم ياتقۇزدى، دۈم تاشلىۋەتتى.

بَطْحَاءُ ج بِطَاحٌ وَبَطَائِحُ وَ بَطْحَوَاتٌ: ساي.

بَطْحَةٌ ج بَطَحَاتٌ: تۈزلەڭ ساي.

بَطِرَ يَبْطَرُ بَطَرًا النِّعْمَةَ: تۇزكورلۇق قىلدى، نانكورلۇق قىلدى.

«وَ كَمْ أَهْلَكْنَا مِنْ قَرْيَةٍ بَطِرَتْ مَعِيْشَتَهَا» «قرآن»: بىز نۇرغۇن شەھەرنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئاھالىسى كەيپ - ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

بَطِرَ الشَّيْءَ: ئورۇنسىز يامان كۆردى، ئورۇنسىز

ئۆچ كۆردى.

بَطِرَ الشَّخْصُ: تەكەببۇرلۇق قىلدى، غادايدى.

بَطِرْ بَطْرَانٌ: خوشلۇقتىن ئۆزىنى ئۇنتۇغۇچى.

اَلْبَطَرُ: گاڭگىراش، ھودۇقۇش؛ نېمەتكە شۈكرى قىلماسلىق، تەكەببۇرلۇق قىلىش.

«وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ خَرَجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ بَطَرًا وَرِئَاءَ النَّاسِ» «قرآن» : يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەرگە ئوخشاش بولماڭلار.

بَطْرَخٌ: بېلىق تۇخۇمى.

بَطْرُوخُ السَّمَكِ: بېلىق تۇخۇمى.

بَطْرَقٌ: ئېپىسكوپ، باش پوپ.

بَطْرَكٌ: چوڭ پوپ.

بَطْرَكِيَّةٌ: باش پوپلۇق ھوقۇقى؛ باش پوپنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى.

بِطْرِيقٌ ج بَطَارِيقُ: ئېپىسكوپ، باش پوپ؛ پىنگۋىن.

بَطْرِيكٌ. بَطْرِيَرْكٌ ج بَطَارِكَةٌ و بَطَارِكُ: چوڭ پوپ.

بَطَشَ يَبْطُشُ وَ يَبْطِشُ بَطْشًا بِهِ: قاتتىق ھۇجۇم قىلدى، قاتتىق تۇتتى، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، جازالىدى.

«وَإِذَا بَطَشْتُمْ بَطَشْتُمْ جَبَّارِينَ» «قرآن» : ئەگەر (بىراۋنى) جازالىساڭلار، زالىملاردەك جازالايسىلەر.

بَطَشَ عَلَيْهِ: ھۇجۇم قىلدى.

بَطْشٌ: تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماق، شىددەتلىك زەربە بەرمەك.

«إِنَّ بَطْشَ رَبِّكَ لَشَدِيدٌ» «قرآن» : پەرۋەردىگارىڭنىڭ جازاسى شەك ــ شۈبھىسىز قاتتىقتۇر.

قُوَى الْبَطْشِ: زوراۋان كۈچلەر.

«قَامَتْ ثَوْرَتُنَا لِتَقْضِيَ عَلَى قُوَى الْبَطْشِ فِي الْبِلَادِ» : بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز مەملىكەتتىكى زوراۋان كۈچلەرنى يوقۇتۇشقا قارىتىلغان.

بَطْشَةٌ: شىددەتلىك زەربە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماق، جازالاش.

«وَلَقَدْ أَنْذَرَهُمْ بَطْشَتَنَا فَتَمَارَوْا بِالنُّذُرِ» «قرآن» : شۈبھىسىزكى، لۇت ئۇلارنى بىزنىڭ جازالىشىمىزدىن ئاگاھلاندۇردى، ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن شەكلەندى.

بَطَّ يَبُطُّ بَطًّا الْجُرْحَ: يارىنى كەستى، ياردى.

بَطٌّ ج بُطُوطٌ وَبِطَاطٌ م بَطَّةٌ ج بَطَّاتٌ: ئۆردەك.

بَطُؤَ يَبْطُؤُ تَبْطِيئًا الشَّخْصُ: كېچىكتى، ئارقىدا قالدى.

بَطَّأَ عَلَيْهِ بِحَاجَتِهِ: ئۇنىڭ ھاجىتىنى كېچىكتۈردى.

بَطَّأَ صَدِيقَهُ: دوستىنىڭ ئىرادىسىنى قايتۇردى.

بَطَّارِيَّةٌ ج بَطَّارِيَّاتٌ: باتارىيە.

بَطَّارِيَّةٌ «فى الْجَيْشِ» : توپچىلار قىسمى.

بَطَّاشٌ: زەربىدارلىق بىلەن قاتتىق تۇتقۇچى، قاتتىق ھۇجۇم قىلغۇچى.

بَطَّالٌ: ئىشسىز، ھورۇن، بىكارچى، ناچار.

بَطَّانِيَّةٌ ج بَطَّانِيَّاتٌ: ئەديال.

بَطَّطَ يُبَطِّطُ تَبْطِيطًا الْأَرْضَ: زېمىننى ياردى.

بَطَّلَ يُبَطِّلُ تَبْطِيلًا الْعَامِلَ: ئىشچىنى ئىشتىن بوشاتتى.

بَطَّلَ الْقَرَارَ: قارارنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

بَطَّنَ يُبَطِّنُ تَبْطِينًا الثَّوْبَ: كىيىمنى ئەستەرلىدى، ئەستەر قىلدى.

بِطِّيخٌ. بِطِّيخَةٌ ج بِطِّيخَاتٌ: تاۋۇز.

بِطِّيخٌ أَصْفَرُ: قوغۇن.

«عِنْدَمَا يَنْضَجُ الْبِطِّيخُ فَإِنَّهُ سَيَسْقُطُ مِنْ تِلْقَاءِ نَفْسِهِ: قوغۇن پىشقاندا سايىقىدا تۈرمايدۇ.

«لَقَدْ قَطَعَ الْبِطِّيخَةَ بِالسِّكِّينِ عَلَى نَحْوٍ مَائِلٍ لِذَلِكَ قُسِّمَتْ إِلَى قِطْعَتَيْنِ الْأُولَى صَغِيرَةٌ وَالْأُخْرَى كَبِيرَةٌ» : ئۇ تاۋۇزنى قىڭغىر پىچىقلىدى، بىر كاسىسى چوڭ، بىر كاسىسى كىچىك بولۇپ قالدى.

بَطَلَ يَبْطُلُ بُطْلًا وَ بُطُولًا وَ بُطْلَانًا: بىكار بولدى، ئەمەلدىن قالدى.

بَطَلَ الْأَمْرُ: ئىش بۇزۇلدى.

بَطَلَ الْبَيْعُ: سودا بۇزۇلدى.

«فَوَقَعَ الْحَقُّ وَبَطَلَ مَاكَانُوايَعْمَلُونَ» «قۇرئان»: ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى.

بَطَلَ يَبْطُلُ بَطَالَةً و بُطَالَةً وَ بِطَالَةً الْعَامِلُ: ئىشچى ئىشسىز قالدى.

بَطُلَ يَبْطُلُ بُطُولَةً و بُطُولَةً: قەھرىمان بولدى، قەھرىمانلىق كۆرسەتتى، باتۇرلۇق قىلدى.

بَطَلٌ ج أَبْطَالٌ: قەھرىمان، باتۇر، چېمپىيون، پالۋان.

بَطَلُ الْقِصَّةِ: ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى.

بَطَلٌ مُزَيَّفٌ: ساختا قەھرىمان.

اَلْبَطَلُ الْعَالَمِيُّ: دۇنيا چېمپىيونى.

«لِكُلِّ مَعْرَكَةٍ أَبْطَالُهَا»: ھەر جەڭنىڭ ئۆزىگە لايىق قەھرىمانلىرى بولىدۇ.

بُطْلٌ. بُطْلَانٌ: يالغان، ساختا، سەپسەتە، قىممىتى يوق؛ بىكار بولماق، ئىناۋەتسىز بولماق، بەربات بولماق، باتىل بولماق.

بَطَلَةٌ ج بَطَلَاتٌ: قەھرىمان، چەۋەنداز.

بَطَنَ يَبْطُنُ بُطُونًا وَ بَطْنًا الشَّيْءُ: يوشۇرۇندى، مۆكۈۋالدى، مەخپىي بولدى.

«إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّيَ الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ» «قۇرئان»: پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدى.

بَطِنَ يَبْطَنُ بَطَنًا و بَطُنَ يَبْطُنُ بَطَانَةً الشَّخْصُ: قورساق سالدى، قورسىقى يوغىنىدى.

بَطْنٌ ج بُطُونٌ وَأَبْطُنٌ وَبُطْنَانٌ: قورساق؛ ئىچكى ئەزا؛ جەمەت، ئۇرۇق.

بَطْنُ الْأَرْضِ: يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمى، زېمىنىنىڭ تېگى.

وَلَدَتْ بَطْنًا وَاحِدًا: بىرنى تۇغدى.

بَطْنًا لِظَهْرٍ: ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى، ئاختۇردى، چوڭقۇر ئىزدەندى.

قَلَّبَهُ ظَهْرًا لِبَطْنٍ: ئەكشۇردى، ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

فِي بُطُونِ الْكُتُبِ: كىتابلار ئىچىدە.

بِطْنَةٌ: ئاچ كۆز، نەپسى يامان، تويمىغۇر.

«اَلْبِطْنَةُ تُذْهِبُ الْفِطْنَةَ» «مثل»: قارنى يامانلىق كىشىنى بەغەرەز قىلىپ قويىدۇ.

بُطُولَةٌ ج بُطُولَاتٌ: قەھرىمانلىق، چېمپىيونلۇق؛ تىياتىر ياكى كىنولاردا باش رول ئېلىپ چىققۇچى.

«قَامَ بِدَوْرِالْبُطُولَةِفِىمَسْرَحِيَّةِمَجْنُونِ لَيْلَى»: ئۇ «لەيلى ـ مەجنۇن» دراممىسىدا باش رول ئالدى.

بُطُولِيٌّ: قەھرىمانلىق.

«قَامَ بِأَعْمَالٍ بُطُولِيَّةٍ»: قەھرىمانە ئىشلارنى قىلدى.

بَطِيءٌ م بَطِيئَةٌ ج بِطَاءٌ: ئاستا.

اَلْقِطَارُ الْبَطِيُّ: ئاستا پويىز.

«كَانَ بَطِيئًا فِي حَرَكَتِهِ»: ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئاستا ئىدى.

بَطِيحَةٌ ج بَطَائِحُ: ساي.

بِطِيخَةٌ ج بَطَاخٌ وَ بَطَائِخُ: ئالا كېپىنەك.

بَطِيشٌ: شىددەتلىك، قاتتىق، قاتتىق تۇتقۇچى، قاتتىق ھۇجۇم قىلغۇچى.

بَطِينٌ: يوغان قورساق، ئاچكۆز.

بُطَيْنٌ: قېرىنچە.

بُطَيْنُ الْقَلْبِ: يۈرەك قېرىنچىسى.

بَظْرُ الْأُنْثَى ج بُظُورٌ: دىلچىق.

بَقَّ بَقًّا الْعُودَ: سازنى ئەكشىدى.

بَقٌّ . فَقٌّ: قوپال، تولۇق.

بَعْبَعَ يُبَعْبِعُ بَعْبَعَةً: قۇرۇق گەپ ساتتى، قۇرۇق گەپ قىلدى.

بُعْبُعٌ ج بَعَابِعُ: قارانچۇق.

بَعَثَ يَبْعَثُ بَعْثًا وَ بِعْثَةً: ئەۋەتتى.

بَعَثَ بِالرِّسَالَةِ: خەت ئەۋەتتى.

«بَعَثَ الرَّئِيسُ مُسَاعِدَهُفِي مُهِمَّةٍخَاصَّةٍ»: رەئىس ياردەمچىسىنى ئالاھىدە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتتى.

بَعَثَ الشُّعُورَ: ھېسسىياتنى قوزغىدى.

«كَانَتْ قَصَائِدُ الشَّاعِرِ تَبْعَثُ قَوْمَهُ عَلَى مُقَاوَمَةِ الظُّلْمِ وَ الْإِسْتِعْمَارِ» : شائىرنىڭ قەسىدىلىرى خەلقنى زۇلۇم ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇشقا قوزغايتتى.

«بَعَثَ الْإِسْلَامُ فِي الْعَرَبِ شُعُورًا جَدِيدًا كَانَ السَّبَبَ فِي تَوْحِيدِهِمْ» : ئىسلام ئەرەبلەردە ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىگە سەۋەب بولغان يېڭى تۇيغۇنى قوزغىدى.

بَعَثَ الشَّخْصَ عَلَى الشَّيْءِ: زورلىدى، قوزغىدى.

بَعَثَ اللّٰهُ الْخَلْقَ: ئاللاھ مەخلۇقاتلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈردى.

«ثُمَّ بَعَثْنَاكُمْ مِنْ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ» «قرآن» : ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكرى قىلسۇن، دەپ ئۆلگەنلىكلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق.

بَعْثٌ: ئەۋەتمەك، يوللىماق.

يَوْمُ الْبَعْثِ: قىيامەت كۈنى.

بَعْثٌ ج بُعُوثٌ و بُعْثٌ: يىراققا يۈرۈش قىلغان قوشۇن ياكى ئۆمەك؛ ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىتى.

مَدِينَةُ الْبُعُوثِ الْإِسْلَامِيَّةِ: جامىئول ئەزھەرگە تەۋە چەت ئەللەردىن ئەۋەتىلگەن مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار شەھەرچىسى.

«مَازَالَتِ الْبُعُوثُ الدِّينِيَّةُ تُوفَدُ إِلَى إِفْرِيقِيَا لِنَشْرِ الْمَسِيحِيَّةِ» : خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئافرىقىغا ھېلىمۇ دىنىي ئۆمەكلەر ئەۋەتىلمەكتە.

بَعْثَةٌ ج بَعَثَاتٌ: ئۆمەك، ۋەكىللەر ئۆمىكى.

طَالِبُ بَعْثَةٍ: ئېككىنچى ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى.

بَعْثَةٌ حَرْبِيَّةٌ: ھەربىي ئۆمەك.

مُدِيرِيَّةُ الْبَعَثَاتِ: چەت ئەلگە چىقىرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئائىت ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئورگان.

إِدَارَةُ الْبَعَثَاتِ: چەت ئەلگە چىقىرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئائىت ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئورگان.

بَعْثَرَ يُبَعْثِرُ بَعْثَرَةً الشَّيْءَ: چېچىۋەتتى، تارقىتىۋەتتى.

«وَإِذَا الْقُبُورُ بُعْثِرَتْ عَلِمَتْ نَفْسٌ مَا قَدَّمَتْ وَأَخَّرَتْ» «قرآن» : قەبرىلەر ئاستى - ئۈستى قىلىنغان چاغدا، ھەر ئادەم ئىلگىرى - كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ.

بَعْثَرَ النَّظَرَاتِ: كۆز يۈگۈرتتى.

بَعْثَرَ الْمَتَاعَ وَ نَحْوَهُ: ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى، قالايمىقان قىلىۋەتتى.

بَعْثَرَ الْمَخْبُوءَ: يوشۇرۇن نەرسىنى چىقاردى.

«مَا أَكْثَرَ مَا نُبَعْثِرُ أَمْوَالَنَا فِي مَجَالَاتٍ غَيْرِ مَحْمُودَةٍ» : ناشايان تەرەپلەرگە ماللىرىمىزنى ئەجەبمۇ بۇزۇپ چاچىمىز.

«كُنْتُ أُبَعْثِرُ النَّظَرَاتِ حَوْلِي» : مەن ئەتراپىمغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقاتتىم.

«تَرَكَ كُتُبَهُ مُبَعْثَرَةً فِي غُرْفَتِهِ» : ئۇ كىتابلىرىنى ئۆز ئۆيىگە قالايمىقان تاشلىدى.

لَاتُبَعْثِرِ الْفَضَلَاتِ: كېرەكسىز نەرسىلەرنى كەلسە - كەلمەس تاشلىما.

بَعْثِيٌّ: گۈللىنىش پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى.

بَعَجَ يَبْعَجُ بَعْجًا الْبَطْنَ: قورساقنى ياردى.

بَعَجَ الشَّيْءَ: يوچۇق كەلتۈرۈپ چىقاردى، يوچۇق ئاچتى.

بَعُدَ يَبْعُدُ بُعْدًا و بُعْدَةً: يىراقلاشتى.

بَعُدَ بِالشَّيْءِ: يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، يىراقلاشتۇردى.

«بَعُدَ بِهِ مَنْهَجُهُ فِي الْبَحْثِ عَنِ الْهَدَفِ الْمَقْصُودِ» : كۆزلىگەن نىشان ئۈستىدە ئىزدىنىشتە ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئۇنى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

بَعُدَتِ الْمَسَافَةُ: مۇساپە يىراقلاشتى.

«بَعُدَتْ عَلَيْهِمُ الشُّقَّةُ» «قرآن» : بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى.

بَعِدَ يَبْعَدُ بَعَدًا و بُعْدًا: يىراق بولدى، ھالاك بولدى.

بَعْدُ: كېيىن، ئاندىن كېيىن، يەنىلا، ھېلىھەم، ھازىرغىچە.

«ثُمَّ جَعَلَ مِنْ بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَ شَيْبَةً» «قرآن» :

ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى.

«لِلّٰهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ» «قۇرئان»: ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر.

«أَ هُوَ حَيٌّ بَعْدُ»: ئۇ ھېلىمۇ ھاياتمۇ؟

شَرَحَ مَرَّةً بَعْدَ أُخْرَى: تەكرار شەرھلىدى.

«بَدَأَ بِإِلْقَاءِ مُحَاضَرَتِهِ بَعْدَ أَنْ حَضَرَ»: ئۇ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن لېكسىيە سۆزلەشكە باشلىدى.

بَعْدَ غَدٍ: ئىندىنلىققا.

بَعْدَئِذٍ: شۇنىڭدىن كېيىن.

«دَرَسَ أَوَّلًا وَذَهَبَ بَعْدَئِذٍ إِلَى السِّينَمَا»: ئۇ ئالدىدا ئۆگىنىش قىلدى، ئاندىن كىنوغا باردى.

فِيمَا بَعْدُ: شۇنىڭدىن كېيىن.

«ظَنَّ الْمَوْضُوعَ سَهْلًا وَلٰكِنَّهُ وَجَدَهُ فِيمَا بَعْدُ أَصْعَبَ مِمَّا كَانَ يَعْتَقِدُ»: ئۇ ماۋزۇنى ئاسان دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقى قارىشىغا قارىغاندا ماۋزۇنى قىيىنراق بايقىدى.

كُفْرٌ مَا بَعْدَهُ كُفْرٌ: ئۇچىغا چىققان كۇپۇرلۇق.

هٰذَا يَوْمٌ لَهُ مَا بَعْدَهُ: ئاقىۋىتىدىن قورقىتىلىدىغان كۈن.

«وَبَعْدُ فَقَدْ سَرَّنِي أَنْ أَسْمَعَ مِنْكَ»: سىنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا خۇشتارمەن.

«أَنَا وَصَاحِبِي نُسَافِرُ بَعْدَ الْغَدِ»: مەن ھەمراھىم ئىككىمىز ئۆگۈنلۈككە سەپەرگە ئاتلىنىمىز.

لَمَّا يَحْضُرْ بَعْدُ: ئۇ تېخى كەلمىدى.

أَمَّا بَعْدُ: (مەدھىيە) دىن كېيىن، (ئەھۋال سورىغاندىن) كېيىن، سالامدىن كېيىن، مەقسەتكە كەلسەك.

بُعْدٌ ج أَبْعَادٌ: مۇساپە، ئارىلىق، يول يىراقلىقى.

بُعْدُ النَّظَرِ: يىراقنى كۆرەلىشى، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، پىكرى چوڭقۇر.

بُعْدًا لَهُ: يوقالسۇن!

«بُعْدًا لِلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ» «قۇرئان»: زالىم قەۋم ھالاك بولسۇن.

«أَلَا بُعْدًا لِمَدْيَنَ كَمَا بَعِدَتْ ثَمُودُ» «قۇرئان»: مەديەن ئاھالىسى خۇددى سەمۇد قەۋمى ھالاك بولغاندەك ھالاك بولسۇن.

بُعْدُ الصِّيتِ: شۆھرەتلىك، داڭدار، داڭلىق.

بُعْدُ الْهِمَّةِ: ئالىي ھىممەتلىك.

ذُو بُعْدٍ: چوڭقۇر پىكىرلىك.

عَلَى بُعْدٍ: يىراقتىن.

«كُنْتُ أُرَاقِبُهُ عَلَى بُعْدٍ»: مەن ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇراتتىم.

«تَقَعُ الْمَدِينَةُ عَلَى بُعْدِ خَمْسِينَ مِيلًا»: شەھەر 50 مىل يىراقلىقتا جايلاشقان.

بُعْدُ الشُّقَّةِ: ئارىلىقنىڭ كەڭلىكى، مۇساپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى.

بَعْرٌ ج أَبْعَارٌ: تېزەك، ماياق، قىغ، پوق.

بَعْزَقَ يُبَعْزِقُ بَعْزَقَةً الشَّيْءَ: ئىسراپ قىلدى، بۇزدى، چاچتى.

بَعْضٌ ج أَبْعَاضٌ: بەزى، بىر قىسىم.

بَعْضُ الشَّيْءِ: ئازراق، بىر بۆلۈك.

بَعْضُ النَّاسِ: بەزى كىشىلەر، بەزىلەر.

«إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ» «قۇرئان»: بەزى گۇمانلار گۇناھدۇر.

«أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ الْكِتَابِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ» «قۇرئان»: سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟

بَعْضُ الطَّرِيقِ: يولنىڭ بىر قىسمى.

قَالَ بَعْضُ الْعُلَمَاءِ: بەزى ئالىملار ئېيتتى.

فِي بَعْضِ الْأَيَّامِ: كۈنلەرنىڭ بىرىدە.

بَعْضُ الْوَقْتِ: بەزى چاغ، بەزىدە.

بَعْضُ الْأَوْقَاتِ: بەزى چاغ، بەزىدە.

«شَعَرَ بِبَعْضِ الْاِرْتِبَاكِ»: بىرئاز تەمتىرەپ قالدى.

بَعْضُهُمْ بَعْضًا: بىر ـ بىرىگە، ئۆزئارا.

«خَرَجَ النَّاسُ بَعْضُهُمْ فِي أَثَرِ بَعْضٍ»: كىشىـ

لەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى چىقتى.

بَعْضَ الْمُمَاثَلَةِ: بىرئاز ئوخشاپ قالماق.

بَعَّدَ يُبَعِّدُ تَبْعِيدًا: يىراقلاشتۇردى.

بَعَّرَ يُبَعِّرُ تَبْعِيرًا الْحَيَوَانُ: ھايۋان تېزەكلىدى، چىچتى.

بَعَّضَ يُبَعِّضُ تَبْعِيضًا الشَّيْءَ: پارچىلىدى، بۆلۈۋەتتى، بۆلدى.

بَعْكُوكَةٌ: زال، كۆلۈپ.

بَعْلٌ ج بُعُولٌ وَ بِعَالٌ وَبُعُولَةٌ: ئەر، ئەر ـ ئايال؛ خوجايىن، ئىگە.

بَعْلٌ: يامغۇر بىلەن سۇغىرىلىدىغان زېمىن ۋە زىرائەت؛ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ چوقۇنىدىغان بىر بۇتىنىڭ ئىسمى.

«أَتَدْعُونَ بَعْلًا وَتَذَرُونَ أَحْسَنَ الْخَالِقِينَ» «قرآن»: سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى (ئاللاھنى) تەرك ئېتىپ، بەئلى (نامىلىق بۇت) گە چوقۇنامسىلەر؟

بَعْلَةٌ ج بُعُولَةٌ: ئايال.

زِرَاعَةٌ بَعْلِيَّةٌ: يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان زىرائەت.

بَعُوضٌ: پاشا.

بَعُوضَةٌ ج بَعُوضَاتٌ: بىر پاشا.

جَنَاحُ بَعُوضَةٍ: ئەرزىمەس.

بَعِيدٌ ج بُعَدَاءُ وَ بُعْدٌ وَ بُعْدَانٌ: يىراق، ئۇزاق.

بَعِيدُ الشُّقَّةِ: ئارىلىقى يىراق.

بَعِيدُالنَّظَرِ: يىراقنى كۆرىدىغان.

بَعِيدٌ كُلَّ الْبُعْدِ: تولىمۇ يىراق.

«لَمْ يَكُنْ يَسْمَعُ صَوْتَهَا فَقَدْ كَانَ بَعِيدًا عَنْهَا»: يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدى.

«رُبَّ بَعِيدٍ أَقْرَبُ مِنْ قَرِيبٍ»: بەزى يات ئادەم تۇغقاندىنمۇ يېقىن بولۇشى مۇمكىن.

«إِذَا مِتْنَا وَ كُنَّا تُرَابًا ذَلِكَ رَجْعٌ بَعِيدٌ» «قرآن»: بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇنداق قايتىش يىراقتۇر.

«لَيْسَ بِبَعِيدٍ أَنْ يَكْتَشِفَ الْعُلَمَاءُ كَوْكَبًا آخَرَ فِي الْفَضَاءِ»: ئالىملارنىڭ بوشلۇقتا ئىككىنچى بىر پىلانېتىنى بايقىشى يىراق ئەمەس.

بَعِيدُ الْمَنَالِ: ئېرىشىش قىيىن، ئېرىشىش تەس.

بَعِيدُ الْأَثَرِ: تەسىرى چوڭقۇر.

بَعِيدُ الْأَجَلِ: كۆز يەتمەيدىغان، يىراقلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان.

بَعِيدُ الشَّأْوِ: يۈكسەك ھىممەتلىك، ھىممىتى يۈكسەك.

مُنْذُ عَهْدٍ بَعِيدٍ: قەدىمىي زاماندىن تارتىپ.

بُعَيْدٌ: ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سەل كېيىن، كېيىنلا، پات ئارىدا، پات يېقىندا.

«حَضَرَ بُعَيْدَ سَفَرِكَ»: سەن سەپەر قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كەلدى.

بَعِيرٌ ج بُعْرَانٌ وَ أَبْعِرَةٌ ج أَبَاعِرُ: تۆگە.

بِغَاءٌ: تەلەپ قىلماق، ئۈمىد قىلماق؛ زىنا قىلماق، نومۇسىنى ساتماق.

حَمْلَةٌ بُولِيسِيَّةٌ لِلْقَضَاءِ عَلَى الْبِغَاءِ السِّرِّيِّ: ساقچىلارنىڭ يوشۇرۇن پاھىشىنى يوقۇتۇش ھەرىكىتى.

بُغَاثٌ ج بِغْثَانٌ: ئاستا ئۇچىدىغان بىر تۈرلۈك كىچىك قۇش.

«إِنَّ الْبُغَاثَ بِأَرْضِنَا يَسْتَنْسِرُ»: بىزنىڭ يېرىمىزدە ئاجىزلار كۈچلۈك بولۇپ كېتىدۇ.

بُغَادَةٌ: شور.

بَغَتَ يَبْغَتُ بَغْتًا وَ بَغْتَةً: چۆچۈتىۋەتتى، تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلدۇردى، نېمە قىلارىنى بىلمەس قىلىپ قويدى، تۇيۇقسىز زەربە بەردى.

بَغْتَةٌ ج بَغَتَاتٌ: تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي، ئويلىمىغان يەردىن، تۇساتتىن، كۈتۈلمىگەندە.

عَلَى بَغْتَةٍ: ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز.

«أَخَذْنَاهُمْ بَغْتَةً» «قرآن»: ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت ھالاك قىلدۇق.

«حَضَرَ عَلَى بَغْتَةٍ»: ئۇ ئۇشتۇمتۇت كەلدى.

بَغَشَ يَبْغَشُ بَغْشًا ـ تِ السَّمَاءُ: سىم ـ سىم

يامغۇر ياغدى.

بَغْشَةٌ: سىم ـ سىم يامغۇر.

بَغَضَ يَبْغُضُ بُغْضًا: ئەپرەتلەندى، ئۆچ كۆردى.

بَغُضَ يَبْغُضُ بَغَاضَةً: ئەپرەتلىك بولدى، دۈشمەن تۇتۇلدى، ئۆچ كۆرۈلدى.

بَغْضَاءُ بُغْضٌ. بِغْضَةٌ: دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت.

«قَدْ بَدَتِ الْبَغْضَاءُ مِنْ أَفْوَاهِهِمْ» «قرآن»: ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

بَقَّالٌ: قىپچىرچى.

بَغَّضَ يُبَغِّضُ تَبْغِيضًا: ئۆچ كۆرسەتتى، يامان كۆرسەتتى.

«بَغَّضَ الشَّرَّ إِلَى النَّاسِ»: يامانلىقنى كىشىلەرگە ئۆچ كۆرسەتتى.

بَغْلٌ ج بِغَالٌ وَ أَبْغَالٌ م بَغْلَةٌ ج بَغْلاَتٌ وَ

بِغَالٌ: قېچىر.

بَغَمَ يَبْغَمُ و يَبْغُمُ و يَبْغِمُ بُغَامًا و بُغُومًا

الْغَزَالُ: كىيىك مەرىدى.

بَغَى يَبْغِي بُغَاءً و بَغْيًا و بُغًى و بُغْيَةً: ئىنتىلدى، تەلەپ قىلدى، ئىزدىدى، تىلىدى.

«وَلَوْ بَسَطَ اللّٰهُ الرِّزْقَ لِعِبَادِهِ لَبَغَوْا فِي الْأَرْضِ» «قرآن»: ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىيتتى.

بَغَى عَلَيْهِمْ: زۇلۇم قىلدى، ئەزدى.

«وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللّٰهُ إِلَيْكَ وَلاَ تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ» «قرآن»: ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن.

بَغَى الْأَمْرَ: ئىرادە قىلدى، تەشنالىق بىلەن كۈتتى.

«مَاذَا تَبْغِي أَنْ تَفْعَلَ الْيَوْمَ»: بۈگۈن نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟

بَغَى يَبْغِيْ بِغَاءً و بُغَاءَ الْمَرْأَةُ: ئايال پاھىشە قىلدى.

بَغَى يَبْغِيْ بَغْيًا: تاجاۋۇز قىلدى، ھەددىدىن

ئاشتى، زۇلۇم قىلدى.

«فَإِنْ بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيئَ إِلَى أَمْرِ اللّٰهِ» «قرآن»: ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار!

بَغْيٌ: زىنا قىلماق؛ زۇلۇم، ئېزىش، زىيانكەشلىك قىلىش؛ گۇناھ؛ ئادالەتسىزلىك، تاجاۋۇز.

«اَلْبَغْيُ يَصْرَعُ أَهْلَهُ»: زۇلۇم، زۇلۇم قىلغۇچىلارنى ھالاك قىلىدۇ.

بُغْيَةٌ: ئارزۇ، ئۈمىد، مەقسەت.

لِيَكُنِ الْحَقُّ بُغْيَتَنَا: ھەقىقەت بىزنىڭ ئۈمىد قىلىدىغان نەرسىمىز بولۇشى كېرەك.

«يَجِبُ أَنْ تَكْتُبَ هَذِهِ الْمَقَالَةَ مَرَّةً ثَانِيَةً بُغْيَةَ إِيْضَاحِ الْفِكْرَةِ الرَّئِيسِيَّةِ عَلَى نَحْوٍ كَامِلٍ»: مەركىزىي ئىدىيىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ماقالىنى قايتا يېزىپ چىقىشىڭ كېرەك.

بَغِيضٌ ج بُغَضَاءُ: دۈشمەن، يىرگىنىشلىك، ئۆچ كۆرسىتىلگەن، دۈشمەن تۇتۇلغان.

«مَا زَالَتْ آثَارُ الْإِسْتِعْمَارِ الْبَغِيْضِ بَاقِيَةً حَتَّى الْيَوْمَ»: كىشىنىڭ ئۆچلىكىنى كەلتۈرىدىغان مۇستەملىكىچىلىك ئىزلىرى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بَغِيٌّ ج بَغَايَا: پاھىشە ئايال، بۇزۇق ئايال، جالاپ.

بَقَاءٌ: دائىملىق بولۇش، داۋاملىشىش، ئەبەدىيلىك بولۇش، مەڭگۈلۈك بولۇش.

دَارُ الْبَقَاءِ: ئاخىرەت، ئۇ دۇنيا.

بَقَاءُ الْأَصْلَحِ: ھاياتقا ئۇيغۇنلاشقۇچىلارنىڭ قېلىپ قېلىشى.

تَنَازُعُ الْبَقَاءِ: ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.

بِقَالَةٌ: باققالچىلىق.

«لَقَدْ وَصَلَتْ إِلَى الْبِقَالَةِ شِحْنَةٌ جَدِيدَةٌ مِنَ الْخُوخِ لَكِنِّي لَمْ أَشْتَرِ شَيْئًا»: باققالچىلىق دۇكىنىغا يېڭىدىن بىر تۈركۈم شاپتۇل

كەلدى، لېكىن مەن ھېچنەرسە سېتىۋالمىدىم.

بَقْبَاق: قۇرۇق گەپ سانتقۇچى، قۇرۇق پاراڭ سالغۇچى، ۋالاكتەككۇر.

بَقْبَقَ يُبَقْبِقُ بَقْبَقَةً الْمَاءُ: سۇ شىلدىرلىدى.

بَقْبَقَ الرَّجُلُ: كۆپ سۆزلىدى، ۋالاقلىدى.

بَقْبَقَتِ الْقِدْرُ: قازان قاينىدى.

بَقْبُوقَةٌ: سۇلۇق قاپارتما.

بُقْجَةٌ ج بُقَجٌ: بوقچا، بوپا.

بَقَرَ يَبْقُرُ بَقْرًا الشَّيْءَ: ياردى، يىرتتى.

بَقَرَ الْبَطْنَ: قورساقنى ياردى.

بَقَرٌ بَقَرَاتٌ و بُقُرٌ وَ أَبْقَارٌ وَ أَبَاقِرُ و أَبَاقِيرُ: كالا؛ ئىنەك.

«لَيْسَ عِنْدِي بَقَرَةٌ حَلُوبٌ»: مېنىڭ سېغىن كالام يوق.

اَلْبَقَرَةُ الْوَحْشِيَّةُ: بۆكەن، ياۋا كالا.

اَلْبَقَرَةُ: قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسىنىڭ نامى.

بَقْشِيشَةٌ: سوۋغات بېرىش.

بَقْشِيشٌ ج بَقَاشِيشُ: سوۋغات، ھەدىيە، چاي پۇلى.

بَقَّعَ يَبْقَعُ بَقْعًا الطَّيْرُ: قۇشنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى.

بُقْعَةٌ ج بِقَاعٌ: ماكان، يەر، جاي، نۇقتا، مەيدان، ئورۇن، ئوچاستكا؛ تۆپىلىك.

اَلْبِقَاعُ الْمُقَدَّسَةُ: مۇقەددەس جايلار.

«لِلْإِسْلَامِ أَتْبَاعُهُ فِي مُخْتَلِفِ بِقَاعِ الْعَالَمِ»: دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بار.

بُقْعَةٌ ج بُقَعٌ: داغ، كىر، چەل.

بُقَعُ الدَّمِ: قان دېغى.

بُقْعَةُ الزَّيْتِ: ياغنىڭ دېغى.

بُقْعَةُ الْحِبْرِ: سىياھ دېغى.

اَلْبُقَعُ الشَّمْسِيَّةُ: قۇياشتىكى داغلار.

بَقَّ يَبُقُّ بَقًّا الْمَاءَ مِنْ فِيهِ: سۇ پۈركىدى، چاچتى.

بَقٌّ. بَقَّةٌ ج بَقَّاتٌ: چۈشا.

بَقَّارٌ ج بَقَّارَةٌ: پادىچى.

بَقَّاقٌ: كاسكاس، جاپ - جاپ، كوت - كوت، ۋات - ۋات.

بَقَّالٌ ج بَقَّالُونَ: كۆكتات سودىگىرى، كۆكتاتچى.

بَقَّعَ يُبَقِّعُ تَبْقِيعًا الثَّوْبَ: كىيىمنى بويىدى.

بَقَّى يُبَقِّي تَبْقِيَةً الشَّيْءَ: تەرك ئەتتى، تاشلىۋەتتى.

بَقَلَ يَبْقُلُ بَقْلًا وَ بُقُولًا النَّبْتُ: ئوت -چۆپ بىخ سۈردى، بىخ چىقاردى.

بَقْلٌ ج بُقُولٌ و أَبْقَالٌ: كۆكتات، ئوت ياش، ئوت-چۆپ.

بَقْلَاوَةٌ: خېمىر؛ شېكەر ۋە سېرىق مايدىن قىلىنغان نېپىز بىر تۈرلۈك تاتلىق يېمەكلىك.

بَقْلَةٌ حَمْقَاءُ: سېمىز ئوت.

بَقْلَةٌ مُبَارَكَةٌ: كاسىنە، كۆك چېچەك.

بَقْلُونَةٌ: كۆپۈك، كۆپۈكچە.

بُقُولٌ: پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دانلىقلار.

بَقِيَ يَبْقَى بَقَاءً وَ بَقِيَ يَبْقَى بُقِيًّا: قالدى، داۋام قىلدى، تۇردى.

بَقِيَ فِي مَكَانِهِ لَا يَتَحَرَّكُ: جايىدا مىدىرلىماي تۇردى، قىبقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇردى.

بَقِيَ حِبْرًا عَلَى وَرَقٍ: ئىجرا بولمىدى، ئەمەلگە ئاشمىدى، ئىبقى قەغەز، قارىسى سىياھ تۇردى.

«صُدِرَتْ قَرَارَاتٌ كَثِيرَةٌ لِحَلِّ الْمُشْكِلَةِ وَلَكِنَّهَا فِي الْغَالِبِ بَقِيَتْ حِبْرًا عَلَى وَرَقٍ»: مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان قارارلار چىقىرىلدى، لېكىن كۆپىنچە ئۇلار ئىجرا بولماي، ئىبقى قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇپ تۇرىۋەردى.

بَقِيَ عَلَى حَالِهِ: ئۆزگەرمىدى، ئۆز پېتىچە تۇردى.

بَقِيَ مِنَ الشَّيْءِ: ئېشىپ قالدى.

«بَذَّرَ ثَرْوَتَهُ وَلَمْ يَبْقَ لَهُ مِنْهَا سِوَى مَبْلَغٍ ضَئِيلٍ»: بايلىقىنى بۇزۇپ چېچىۋەتتى، ئۇنىڭـ

ـدىن پەقەت ئازغىنا پۇل قالدى.

بُقْيَةٌ: ئېشىپ قالغىنى، زاپاس ساقلانغىنى.

اَلْبَقِيعُ: دەرەخزارلىق كەڭ جاي؛ مەدىنىدە مۇنەۋ-ۋەرەدىكى مەشھۇر قەبرىستانلىق.

بَقِيَّةٌ ج بَقَايَا: قالدۇقى، ئېشىپ قالغىنى.

لَهُ بَقِيَّةٌ: داۋامى بار، تۈگىمىگەن.

«عَثَرَ عُلَمَاءُ الْآثَارِ بَقَايَا إِنْسَانٍ قَدِيمٍ»: ئارخە-ئولوگلار قەدىمكى ئىنسان قالدۇقلىرىنى تاپتى.

اَلْبَقِيَّةُ الْبَاقِيَةُ: ئاخىرىدا قالغىنى، كېيىن قېلىپ قالغىنى.

«وَافَقَ الْعِرَاقُ وَبَقِيَّةُ الدُّوَلِ الْعَرَبِيَّةِ عَلَى الْمَشْرُوعِ الْجَدِيدِ»: ئىراق ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى يېڭى پىلانغا قوشۇلدى.

بُكَاءٌ: يىغا، يىغا ـ زارە.

«اِنْفَجَرَ بِالْبُكَاءِ حِينَ عَرَفَ بِمَوْتِ أَبِيهِ»: ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پاققىدە يىغلىۋەتتى.

بُكَائِيَّةٌ ج بُكَائِيَّاتٌ: مەرسىيە.

بَكَارَةٌ: قىزلىق.

«فَضَّ بَكَارَةَ الْفَتَاةِ»: قىزنىڭ قىزلىقىنى ئالدى.

بَكَتَ يَبْكُتُ بَكْتًا: ئۇردى، چاپتى، ئەيىبلىدى.

بَكْتِيرِيَا: مىكروب، باكتېرىيە.

بَكَرَ يَبْكُرُ بُكُورًا: ئەتىگەن تۇردى، بالدۇر كەلدى، ئىشنى بالدۇر باشلىدى، ئالدىرىدى.

بَكَرَ إِلَيْهِ: ئالدىرىدى.

«بَكَرَ إِلَى قَاعَةِ الْإِجْتِمَاعِ قَبْلَ غَيْرِهِ»: يىغىن زالىغا باشقىلاردىن ئىلگىرى ئالدىرى-دى.

بِكْرٌ ج أَبْكَارٌ: تۇنجى بالا؛ يۈزى ئېچىلمىغان قىز، ياتلىق بولمىغان قىز؛ يېڭى، ئىشلە-تىلمىگەن؛ پېچەتى بۇزۇلمىغان.

«إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَا فَارِضٌ وَلَا بِكْرٌ عَوَانٌ بَيْنَ ذَلِكَ» «قرآن»: ئۇ قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا هالدۇر.

«فَجَعَلْنَاهُنَّ أَبْكَارًا عُرُبًا أَتْرَابًا» «قرآن»: ئۇلارنى پاكىز ئەرلەرگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق.

مُحَاوَلَةٌ بِكْرٌ: تۇنجى ئۇرۇنۇش.

طَعْنَةٌ بِكْرٌ: قالتىس سانجىش، ئەجەللىك سانجىش، مىسلىسىز سانجىش.

نَارٌ بِكْرٌ: بىرەر گۈتتىن ئېلىنغان بولماستىن، ئۆز ئالدىغا يېقىلغان ئوت.

اَلْأَرْضُ الْبِكْرُ: بوز يەر، ئېچىلمىغان يەر، بىنام يەر.

بُكْرٌ م بُكْرَةٌ: ياش تۆگە.

بُكْرَةٌ: ئەتە، ئەتە ئەتىگەندە، ئەتە سەھەردە.

فِي بُكْرَةِ النَّهَارِ: تاڭ يورىغاندا، تاڭ سەھەردە.

«فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ أَنْ سَبِّحُوا بُكْرَةً وَعَشِيًّا» «قرآن»: ئۇ ئۇلارنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا تەسبىھ ئېيتىشقا ئىشارەت قىلدى.

بَعْدَ بُكْرَةٍ: ئۆگۈنلۈككە.

بَعْدَ بَعْدَ بُكْرَةٍ: ئىندىللىققا.

بُكْرَةً وَعَشِيًّا: ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا، شامۇ سەھەر.

اَلْبَكْرَةُ: كۆپچىلىك، جامائە.

عَلَى بَكْرَةِ أَبِيهِمْ. عَنْ بَكْرَةِ أَبِيهِم. عَنْ بَكْرَتِهِمْ: ھەممىسى، پۈتۈنلەي، تامامەن.

«خَرَجَتِ الْجَمَاهِيرُ عَنْ بَكْرَتِهَا لِتَحِيَّةِ أَبْطَالِ الْقَادِسِيَّةِ»: ئاممىنىڭ ھەممىسى قادىسىيە قەھرىمانلىرىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن چىقتى.

بَكْرِيَّةُ الْوِلَادَةِ: تۇنجى تۇغۇتلۇق ئايال.

بَكَّاءٌ ج بَكَّاؤُونَ: يىغلاڭغۇ، يىغلىغاق.

بَكَّتَ يُبَكِّتُ تَبْكِيتًا: ئۇردى، چاپتى؛ ئەيىبلىدى.

بَكَّتَ الْمُذْنِبَ: گۇناھكارنى مالامەت قىلدى.

بَكَّتَ الضَّمِيرَ: ۋىجدان ئازابىغا قويدى، پۇشايمان قىلدى، نادامەت چەكتى.

بَكَّةُ: مەككە مۇكەررەمەنىڭ قەدىمكى ئىسمى.

بَكَّرَ يُبَكِّرُ تَبْكِيرًا: ئالدىدا بولدى، ئىشنى بالدۇر باشلىدى.

بَكَّى يُبَكِّي تَبْكِيَةً: يىغلاتتى.

بَكِمَ يَبْكَمُ بَكَمًا وَبَكَامَةً: گاچا بولۇپ قالدى.

بَكُمَ يَبْكُمُ بَكَامَةً: سۈكۈت قىلدى.

صُمٌّ بُكْمٌ: ئاڭلىمايدىغان ۋە ھىدايەت تاپمايدىغان كىشى.

«وَالَّذِينَ كَذَّبُوا بِآيَاتِنَا صُمٌّ وَبُكْمٌ فِي الظُّلُمَاتِ» «قۇرئان»: بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار گاسلاردۇر، گاچىلاردۇر، ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغانلاردۇر.

فِتْنَةٌ بَكْمَاءُ: ئۇچىغا چىققان پىتنە ـ پاسات.

بَكَى يَبْكِي بُكَاءً و بُكًى: يىغلىدى.

بَكَى الْفَقِيدَ: ئۆلگەن ئادەمگە ئىچىنى ئاغرىتتى.

«بَكَى صَدِيقَهُ / عَلَى صَدِيقِهِ / لِفَقْدِ صَدِيقِهِ»: دوستىنىڭ ۋاپاتىغا يىغلىدى.

بُكًى: يىغا، يىغا ـ زارە.

بَكِيءٌ ج بِكَاءٌ مِنَ الْآبَارِ: سۈيى ئاز قۇدۇق.

بَكِيرَةٌ ج بَكَائِرُ: بالدۇر پىشقان مېۋە.

بَكِيمٌ ج بُكْمَانٌ: گاچا.

بَكِيٌّ ج بَكَايَا مِنَ الْآبَارِ: سۈيى ئاز قۇدۇق.

بَكِيٌّ: يىغلاڭغۇ، كۆپ يىغلايدىغان.

بَلْ: بەلكى، بولسا، لېكىن، ھەم.

مَا حَضَرَ الْغَائِبُ بَلْ أَبُوهُ: ئوقۇغۇچى ھازىر بولمىدى، بەلكى ئۇنىڭ دادىسى ھازىر بولدى.

«أَمْ يَقُولُونَ بِهِ جِنَّةٌ بَلْ جَاءَهُمْ بِالْحَقِّ» «قۇرئان»: ياكى ئۇلار ئۇنى مەجنۇن دېيىشەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا ئۇ ھەقىقەتنى ئېلىپ كەلدى.

«أَنَا لَا أَظْلِمُ بَلْ أُدَافِعُ عَنِ الْمَظْلُومِ»: مەن زۇلۇم قىلمايمەن، بەلكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنى قوغدايمەن.

وَجْهُكَ الْبَدْرُ لَا بَلِ الشَّمْسُ: سېنىڭ يۈزۈڭ ئايدۇر، بەلكى قۇياشتۇر.

بَلَا يَبْلُو بَلَاءً وَبَلْوًا: سىنىدى، تەجرىبە قىلدى، سىناق قىلدى، چارچىتىۋەتتى، ھارغۇزۇۋەتتى.

«وَنَبْلُوكُمْ بِالشَّرِّ وَالْخَيْرِ فِتْنَةً» «قۇرئان»: سىلەرنى بىز يامانلىقتا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز.

«بَلَا السَّفَرُ فُلَانًا»: سەپەر چارچاتتى، سەپەر ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

بَلَاءٌ: بالايىئاپەت، ھادىسە، كۆڭۈلسىزلىك؛ سىنىماق، ئىمتىھان ئالماق.

بَلَادَةٌ: دۆتلەشمەك، گالۋاڭلاشماق، مەتۇ بولماق، ھاڭۋاقتى بولماق.

بَلَادَةُ الشُّعُورِ: زېھنىنىڭ ئېغىرلىقى، دۆتلۈك.

كِيسٌ مِنَ الْبَلَاسْتِيك: سۇلياۋ خالتا.

بَلَاطٌ. بَلَاطَةٌ ج بَلَاطَاتٌ: تاختا تاش، تاش دوسكا، خىش، گۈللۈك خىش.

بَلَاطُ الشُّهَدَاءِ: قۇربانلار قەبرە تېشى.

بَلَاطُ الْمَلِكِ: ئوردا، خان سارىيى، ھەرەم، پادىشاھنىڭ تەختى، خان ئوردىسى.

بَلَاطٌ قَاشَانِيٌّ: پار ـ پۇرخىش، ساپال خىش، گۈللۈك خىش، كاھىش.

بَلَاطَةُ الضَّرِيحِ: قەبرە تېشى.

بَلَاطَةٌ مُلَوَّنَةٌ: پار ـ پۇر خىش، گۈللۈك خىش، رەڭدار خىش.

بَلَاغٌ ج بَلَاغَاتٌ: خەۋەر، مەلۇمات، دوكلات، ئاخبارات، ئېلان، ئۇقتۇرۇش، بايانات؛ نوتا؛ ئۇلتىماتۇم؛ تەبلىغ.

«هَذَا بَلَاغٌ لِلنَّاسِ وَلِيُنْذَرُوا بِهِ وَلِيَعْلَمُوا أَنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ وَلِيَذَّكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ» «قۇرئان»: كىشىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، بۇ تەبلىغدۇر.

«جَاءَ فِي الْبَلَاغَاتِ الْعَسْكَرِيَّةِ الْحَرْبِيَّةِ الْأَخِيرَةِ أَنَّ الْعَدُوَّ تَكَبَّدَ خَسَائِرَ فَادِحَةً»: كېيىنكى ھەربىي ئاخباراتتا ئېيتىلىشىچە، دۈشمەنلەر ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچرىغان.

بَلَاغٌ مُشْتَرَكٌ: بىرلەشمە ئاخبارات، قوشما بايانات.

«إِنَّ هَذَا لَبَلَاغًا لِقَوْمٍ عَابِدِينَ» «قۇرئان»: بۇ (قۇرئان) دا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچى قەۋم ئۈچۈن (خەۋەرلەر، ۋەز ـ نەسىھەتلەردىن) ئەلۋەتتە يېتەرلىك بار.

بَلَاغَةٌ: سۆز قابىلىيىتى، ناتىقلىق، سۆزمەنلىك، پاساھەت، بالاغەت.

عِلْمُ الْبَلَاغَةِ: بالاغەت ئىلمى، ئىستىلىستىكا.

بَلاَغِيٌّ: ئىستىلىستىكىلىق.

«يُكْثَرُ فِي نَثْرِ الزَّيَّاتِ إِسْتِخْدَامُ الْمُحَسِّنَاتِ الْبَلاَغِيَّةِ» : زەييياتنىڭ نەسرى ئەسەرلىرىدە گۈزەل بالاغەت قائىدىلىرى كۆپ قوللىنىلغان.

بَلاَهَةٌ: دۆتلۈك، مەتۇلۇق، گالۋاڭلىق، دەلدۇشلۇك.

اَلْبَلْبَالُ ج بَلاَبِلُ: قاتتىق غەم، قاتتىق قايغۇ، ئەندىشە، بىئارامىلىق؛ قىيىن، مۇشكۇل، تەرتىپسىز؛ بوۋرە.

بَلْبَلَ يُبَلْبِلُ بَلْبَلَةً و بِلْبَالاً الْقَوْمَ: قوزغىدى، ھەرىكەتلەندۈردى.

بَلْبَلَ الْآرَاءَ: بۆلگۈنچىلىك سالدى.

بَلْبَلَ الشَّخْصَ: پاراكەندىچىلىككە سېلىپ قويدى.

بُلْبُلٌ ج بَلاَبِلُ: بۇلبۇل.

بَلْبَلَةٌ ج بَلاَبِلُ: قالايمىقانچىلىق، مالىماتاڭچىلىق، بېسەرەمجانلىق، تەرتىپسىز، رەتسىز.

قَرَّتْ بَلاَبِلُهُ: خاتىرجەمسىزلەنمەيدىغان بولدى.

بُلْبُلَةٌ: تورۇبا، نەيچە.

بَلْبُوعَةٌ: كومىلاچ دورا.

بَلَجَ يَبْلُجُ بُلُوجًا الصُّبْحُ: تاڭ يورۇدى.

بَلِجَ يَبْلَجُ بَلَجًا الْحَقُّ: ھەقىقەت ئاشكارا بولدى.

بَلِجَ وَجْهُهُ: چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

بَلِجَ بِهِ: خۇشاللاندى، شادلاندى.

بَلَحٌ. بَلَحَةٌ ج بَلَحَاتٌ: پىشمىغان خورما، خورما غورىسى.

بَلَحُ الْبَحْرِ: سەدەپ قۇلۇلىسى.

بَلَدَ يَبْلُدُ بَلاَدَةً: ئەقلىي ـ ھوشى كەم بولدى، دۆت بولدى، كاللىسى ئاددى بولدى.

بَلَدَ الشَّخْصُ: دۆت بولۇپ قالدى.

بَلَدَ يَبْلُدُ بُلُودًا بِالْمَكَانِ: ماكانلىشىپ قالدى، يەرلىشىپ قالدى.

بَلَدٌ ج بِلاَدٌ و بُلْدَانٌ: يەر، رايون، دۆلەت، دۆلەت زېمىنى، يۇرت.

«وَالْبَلَدُ الطَّيِّبُ يَخْرُجُ نَبَاتُهُ بِإِذْنِ رَبِّهِ» «قرآن» : مۇنبەت يەرنىڭ گىياھى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ.

مُعَارَضَةُ التَّدَخُّلِ فِي الشُّؤُونِ الدَّاخِلِيَّةِ لِلْبُلْدَانِ الْأُخْرَى: باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششقا قارشى تۇرۇش.

اَلْبِلاَدُ الْعَرَبِيَّةُ: ئەرەب دۆلەتلىرى، ئەرەب يۇرتلىرى.

«اِنْتَشَرَتِ الْمَدَارِسُ فِي جَمِيْعِ أَنْحَاءِ الْبِلاَدِ» : مەكتەپلەر مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان.

«بِلاَدِي وَ إِنْ جَارَتْ عَلَيَّ عَزِيزَةٌ» : يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلسىمۇ، مەن ئۈچۈن يەنىلا قىممەتلىكتۇر.

بَلَدٌ م بَلْدَةٌ ج بِلاَدٌ: شەھەر، بازار.

«وَأَحْيَيْنَا بِهِ بَلْدَةً مَيْتًا» «قرآن» : ئۇنىڭ بىلەن بىز ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈردۇق.

بَلَدِيٌّ: يەرلىك، شەھەرلىك، مۇشۇ يەرلىك، شۇ دۆلەتلىك.

رَقْصٌ بَلَدِيٌّ: خەلق ئۇسسۇلى.

مَجْلِسٌ بَلَدِيٌّ: شەھەرنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئورگان، شەھەرلىك كومىتېت.

بَلَدِيَّةٌ ج بَلَدِيَّاتٌ: ئاپتونوم شەھەر، شەھەرلىك ھۆكۈمەت.

رَئِيسُ الْبَلَدِيَّةِ: شەھەر باشلىقى.

شُئُونٌ بَلَدِيَّةٌ: شەھەر ئىشلىرى.

وِزَارَةُ الْبَلَدِيَّاتِ: شەھەر ئىشلىرى مىنىستىرلىكى.

بَلْسَمَ يُبَلْسِمُ بَلْسَمَةً الْجُرْحَ: يارىنى داۋالىدى.

بَلْسَمٌ ج بَلاَسِمُ: ئاغرىق توختىتىش دورىسى؛ يۇزماي، خۇشبۇي يېلىم، يېلىمى بىلەن يارىنى ساقايتىدىغان بىر خىل دەرەخ.

بَلْسَمٌ شَافٍ: شىپالىق مەلھەم دورا.

بَلْشَفَ يُبَلْشِفُ بَلْشَفَةً الْبَلَدَ: بولشېۋىك قىلدى، بولشېۋىكلاشتۇردى.

بُلْشُفِيٌّ ج بَلاَشِفَةٌ: بولشېۋىك.

بُلْشُفِيَّةٌ: بولشېۋىكلىك، بولشېۋىكلار ھەرىكىتى.

بَلَصَ يَبْلَصُ بَلَصًا: قاقتى - سوقتى قىلىپ ئېلىۋالدى، تەھدىت سېلىپ ئېلىۋالدى.

بَلْصَمَ يُبَلْصِمُ بَلْصَمَةُ الْجُرْحَ: داۋالىدى، يارىنى داۋالىدى.

بَلْطَةٌ ج بَلَطَاتٌ: پالتا.

بَلِعَ يَبْلَعُ بَلْعًا: يۇتتى، يۇتۇۋەتتى.

بَلَعَ رِيقَهُ: تۆكۈرۈكىنى يۇتتى.

بَلْعَةٌ ج بَلَعَاتٌ: بىر يۇتۇم.

بُلْعُمٌ ج بَلاَعِمُ و بَلاَعِيمُ: يۇتقۇنچاق، كېكىر-تەك، گال.

بُلْعُمَةٌ م بَلاَعِمُ: ئاق قان دانچىلىرى.

بُلْعُومِيٌّ: بوغۇز (گال) غا خاس.

بَلَغَ يَبْلُغُ بُلُوغًا: يەتتى، يېتىپ باردى.

بَلَغَ الْوَلَدُ: بالا بالاغەتكە يەتتى، بويىغا يەتتى.

بَلَغَ أَشُدَّهُ: قىرانىغا يەتتى، كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتىن ۋايىغا يەتتى.

